# بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىپچىنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىخەتەرلىك بىرىنچى دېگەن ئىدىيەنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات بىلەن بىخەتەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، بىخەتەرلىكنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە تەرەققىي قىلدۇرغان ئىشنى قەتئىي قىلماي، قەتئىي ھالدا ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك. خەتىرى يۇقىرى كەسىپ، ساھە ۋە كىشىلەر زىچ توپلاشقان سورۇنلارنى چىڭ كۆزلەپ، تۈرلۈك سۇ ئامبارلىرى، گېئولوگىيەلىك ئاپەت يوشۇرۇن خەۋپ نۇقتىلىرى، يول ـ كۆۋرۈك، قۇرۇلۇش نەق مەيدانى قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ئورۇنلارنى چىڭ تۇتۇپ، تور يېيىش شەكلىدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، مەسىلە ـ كەمتۈكلۈك ۋە ئاجىز ھالقىلارنى ۋاقتىدا بايقاپ، ھەقىقىي تۈردە خەۋپ ـ خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپنى بىخ ھالىتىدە تۈگىتىپ، پەۋقۇلئاددە زور بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك. بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مەشغۇلات قائىدىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك تۈزۈم ـ بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتتىق ئۆلچەم ۋە تۈزۈم ئىجراسى ئارقىلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىش، ئادەمنىڭ بېپەرۋالىق قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەنبەدىن تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئۆتكەلنى ئالدىنئالا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەنبەدىن باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش ۋە بىخەتەرلىك ئىجازىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، پىلانلاش ـ لايىھەلەشنى بىخەتەرلىك بويىچە باھالاشنى كۈچەيتىپ، خەتىرى يۇقىرى كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى شەھەر، يېزىلارنى پىلانلاش ـ قۇرۇش ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىدە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك.

بەشىنچىدىن، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس بولۇش بىلەن دائىملىق بولۇش بىرلەشكەن، ئىنكاسى تېز، ئىستىلدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، قابىلىيىتى يۇقىرى، كۈچلۈك بولغان جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قوشۇنى بەرپا قىلىپ، تۈرلۈك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىلىرى بويىچە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەمەلىي جەڭ مانېۋىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تارماقلار ئارا بىرلەشمە جەڭ قىلىش، قوماندانلىقنى ماسلاشتۇرۇش، ھادىسىلەرنى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ۋە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش كاپالىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش، پۇختىلاش كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇش، بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ «بىرىنچى قول رەھبەر»لىرى «بىرىنچى جاۋابكار»لىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىشى كېرەك، مەسئۇل رەھبەرلەر مەخسۇس مەسئۇل بولۇپ مەخسۇس تۇتۇشى كېرەك، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، توغرا يۆنىلىشتە چېتىگىچە، تىك يۆنىلىشتە تېگىگىچە بولغان مەسئۇلىيەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك جايىدا بولۇش، تەشكىللەش جايىدا بولۇش، كۈچ جايىدا بولۇش، تەدبىر جايىدا بولۇش، كاپالەت جايىدا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يەتتىنچىدىن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات ـ تەربىيە تارماقلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىپ، تەشۋىقات ـ تەربىيە شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، بىخەتەرلىك تەشۋىقاتىنى كارخانىلارغا كىرگۈزۈش، يېزىلارغا كىرگۈزۈش، مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش، مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش، ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، بىخەتەرلىك بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ياخشى كەيپىياتى يارىتىش كېرەك.

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مەركەزلىك كۆزدىن كەچۈرۈشنى قانات يايدۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسمەن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيەنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچى شەھىرى، قومۇل شەھىرىگە بېرىپ مەركەزلىك كۆزدىن كەچۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى.

كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، ۋەكىللەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى 1 ـ ترانسپورت شىركىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك نانچىلىق مەدەنىيىتى كەسىپلەر باغچىسىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى، جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتى، قومۇل شەھىرى ئىۋىرغول رايونى يۈك توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئولتۇراق رايونى ۋە شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ ئالتۇن كەنتى، قومۇل مەدەنىيەت ئىجادىيەت باغچىسى، شىنجاڭ شىياڭشىڭ يېڭى ماتېرىيال پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، قومۇل شەھەرلىك يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابى، قومۇل شەھەرلىك جېيەنىڭ كاڭچېڭ مۈلۈك باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى، دۆلەت ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئۈچۈرلىرىنى باشقۇرۇش مەركىزى قومۇل شۆبە مەركىزى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى قاتارلىقلارنى ئىگىلەپ، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىغا قاتنىشىش، تۈرلۈك تەكلىپ ۋە دوكلاتلارنى قاراپ چىقىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

شۇ جايدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، ۋەكىللەر مۇنداق قارىدى: ئۈرۈمچى شەھىرى، قومۇل شەھىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

ۋەكىللەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەركەزلىك كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئىشەنچىمىز ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىمىز يەنىمۇ ئاشتى. كۆپچىلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، 2021 ـ يىلى ئېچىلىدىغان 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللىك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، قىممىتى بار قاراپ چىقىش پىكرى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

# ئاپتونوم رايون پېشقەدەم كادىرلارنى ئۈرۈمچىدە ئېكسكۇرسىيە ـ ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون 25 پېشقەدەم كادىرنى ئۈرۈمچىدە ئېكسكۇرسىيە ـ ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

پېشقەدەم كادىرلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر يىرىك پىلانى كۆرگەزمە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇقلۇق پورت رايونى قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر يىرىك پىلانى قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى.

ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي مۇنداق بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى پائال تېزلىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىدا پائال نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشتى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر يىرىك پىلانى كۆرگەزمە سارىيىغا كىرگەندە، «يىپەك يولى مەركىزىي رايونىدىكى ئاۋات مەركىزىي شەھەر» قۇم مودېل كۆرگەزمىسىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىيات مەنزىرىسى نامايان بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى نىجات سۇلتان مۇنداق دېدى: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا پۇختا مەركەزلەشتۈرۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئىناق بولۇپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

پېشقەدەم كادىرلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئامما ئارىسىدا پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ياخشى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن پېشقەدەم كادىرلارنىڭ پېشقەدەملىك رولىنى جارى قىلدۇرىمىز.

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 18 ئەنئەنىۋى كەنتنىڭ ھەممىسىدە ۋىۋىسكا ئېسىپ قوغداش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى مىنىستىرلىقىنىڭ خىزمەت تەلىپىگە ئاساسەن، 2020 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئەنئەنىۋى كەنتلەردە ۋىۋىسكا ئېسىپ قوغداش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتقان. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون بويىچە 18 ئەنئەنىۋى كەنتنىڭ ھەممىسىدە ۋىۋىسكا ئېسىپ قوغداش تاماملانغان.

2012 ـ يىلى ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش خىزمىتى دۆلەت قاتلىمىدىن رەسمىي يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي بەش تۈركۈمدە 18 كەنت جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى كەنتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، كەنتتىكى ئەنئەنىۋى تۇرالغۇلار ئۈنۈملۈك قوغدالدى، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئۈنۈملۈك ۋارىسلىق قىلىندى، يول، سۇ بىلەن تەمىنلەش، ئەخلەت ۋە پاسكىنا سۇنى تۈزەش قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرى كۈچەيتىلدى، ئاممىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى ماس قەدەمدە ياخشىلاندى، يەنە شۇ جاينىڭ ساياھەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇندى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

بۇ 18 ئەنئەنىۋى كەنت يەتتە ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)كە تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە ئەنئەنىۋى كەنت مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىگە جايلاشقان. تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە پېشايۋانلىق ئۆيلەرنى قوغداش ئۈچۈن، شۇ جاي «مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش نىزامى»نى چىقىرىپ، ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش بەلگە تاختىسى تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى مىنىستىرلىقى تەلەپ قىلغان لايىھە نۇسخىسى ۋە ئۆلچەملىك ھەجىم بويىچە بىرتۇتاش ياسىلىدىكەن. بەلگە تاختىسىدا بۇ كەنتنىڭ جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى كەنت بولۇپ تاللانغان ۋاقتى كۆرسىتىلگەندىن باشقا، يەنە بىردىنبىر ئىككىلىك كود بار بولۇپ، ساياھەتچىلەر كودنى سىكانېرلىسىلا جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى كەنتلەر رەقەملىك مۇزېيىغا كىرىپ، يان تېلېفوندا جۇڭگودىكى بۇ ئەنئەنىۋى كەنتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، مۇھىت ئەندىزىسى، ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇشلىرى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى، مەززىلىك تائام بايلىقلىرى ۋە ساياھەت يېتەكلىشى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئىگىلىيەلەيدىكەن.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، مۇھىم قوغداش قىممىتىگە ئىگە كەنتلەرنى جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشكە تەۋسىيە قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەنئەنىۋى كەنتلەر رەقەملىك مۇزېي قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، رەقەملەشتۈرۈش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەنئەنىۋى كەنتلەرنىڭ كەنت قىياپىتى، ئەنئەنىۋى ئىمارەتلەر ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىپ، كەنتلەرنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، كەنتلەرنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، كەنتلەرنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىدىكەن.